شىنجاڭ گېزىتى 11
2021 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۈمە

(بېشى 10 ـ بەتتە)

فۇنكسىيەنى ئاشۇرىدىغان، كەلگۈسىگە پايدىلىق زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەبلەغ سېلىش ـ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت سېلىنمىسىنىڭ قوزغىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، بازار يېتەكچىلىكىدىكى سېلىنمىنى ئىچكى جەھەتتىن ئاشۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. تۈرلەرنى پىلانلاش، زاپاسلاش، ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەبلەغ، يەر قاتارلىق ئامىللارغا كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سېلىنما تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىنى تېزلىتىش كېرەك. ھۆكۈمەت ـ جەمئىيەت كاپىتال ھەمكارلىقى (PPP)نى قېلىپلىق، تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇل ئەسلىھە ساھەسىدىكى كۆچمەس مۈلۈك سېلىنمىسى ھاۋالە فوندى (REITs)نىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ساقلانما مۈلۈكنى ئۈنۈملۈك جانلاندۇرۇپ، ساقلانما مۈلۈك بىلەن يېڭىدىن سېلىنغان مەبلەغنىڭ ياخشى ئايلىنىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

## 5 ـ قىسىم رەقەملىك تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، رەقەملىك جۇڭگو بەرپا قىلىش

رەقەملىك دەۋرگە يۈزلىنىپ، سانلىق مەلۇمات ئامىلىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ، تور كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد، رەقەملىك جەمئىيەت، رەقەملىك ھۆكۈمەتنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىپ، رەقەملەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم.

### 15 ـ باب رەقەملىك ئىقتىساد يېڭى ئەندىزىسى يارىتىش

زور مىقدارلىق سانلىق مەلۇمات ۋە مول قوللىنىش مۇھىتى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رەقەم تېخنىكىسى بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ ئاتا قىلىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى قوزغاتقۇچىنى زورايتىش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف ھالقىلىق رەقەم تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى قوللىنىشنى كۈچەيتىش**

سەر خىل ئۆزەك، مەشغۇلات سىستېمىسى، سۈنئىي ئەقلىنىڭ ھالقىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى، سېنزور قاتارلىق ھالقىلىق ساھەلەرنى نىشانلاپ، ئاساس نەزەرىيە، ئاساسىي ھېسابلاش ئۇسۇلى، جابدۇق ـ ماتېرىيال قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ يارىتىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ۋە ئەۋلاد يېڭىلاپ قوللىنىشنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەممىباب بىر تەرەپ قىلغۇچ، بۇلۇت ھېسابلاش سىستېمىسى ۋە يۇمشاق دېتال يادرولۇق تېخنىكىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يارىتىشنى كۈچەيتىش لازىم. كۋانتلىق ھېسابلاش، كۋانتلىق ئالاقە، نېرۋا ئۆزەكلىكى، DNA ساقلاش قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكىلارنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇچۇر پېنى بىلەن ھاياتلىق ئىلمى، ماتېرىيال قاتارلىق ئۇل پەنلەردە كىرىشمە يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، رەقەم تېخنىكىسى ئوچۇق كودلۇق مەھەللىسى قاتارلىق ئىجادىيەت بىرلەشمىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئوچۇق كودلۇق بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ۋە قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۇمشاق دېتال مەنبە كودى، قاتتىق دېتال لايىھەسى ۋە قوللىنىش مۇلازىمىتىنى ئېچىۋېتىشكە ئىلھام بېرىش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف رەقەمنىڭ كەسىپلىشىشىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش**

سۈنئىي ئەقىل، بۈيۈك سانلىق مەلۇمات، بۆلەك زەنجىرى، بۇلۇت ھېسابلاش، تور بىخەتەرلىكى قاتارلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان رەقەملىك كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، ئالاقە ئۈسكۈنىسى، يادرولۇق ئېلېكترونلۇق دېتال ـ زاپچاس، ھالقىلىق يۇمشاق دېتال قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. 5G ئاساسىدىكى قوللىنىش مۇھىتى ۋە كەسىپ ئېكولوگىيەسى بەرپا قىلىپ، ئاقىل قاتناش، ئاقىل ئەشيا ئوبوروتى، ئاقىل ئېنېرگىيە، ئاقىل داۋالاش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردە سىناش ـ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنى ئىزدەش، ئېلېكترونلۇق سودا، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى ئېچىۋېتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، 3 ـ تەرەپ بۈيۈك سانلىق مەلۇمات مۇلازىمىتى كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ھەمبەھرە ئىقتىساد ۋە سۇپا ئىقتىسادىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**3 ـ پاراگراف كەسىپلەرنى رەقەملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش**

«بۇلۇت ھېسابلاش، رەقەملەشتۈرۈش، ئاقىللاشتۇرۇش» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، رەقەم تېخنىكىسى ئارقىلىق پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە ۋە رايونلاردا خەلقئارا سەۋىيەدىكى بىرقانچە سانائەت ئالاقە تورى سۇپىسى ۋە رەقەملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى قۇرۇپ، تەتقىق قىلىش، لايىھەلەش، ئىشلەپچىقىرىش، ياساش، تىجارەت قىلىش، باشقۇرۇش، بازار مۇلازىمىتى قاتارلىق ھالقىلاردا رەقەملىك تېخنىكا قوللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خاس زاكازلىق ياساش، ئېلاستىك ياساش قاتارلىق يېڭى ئەندىزىلەرنى يېتىلدۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپ باغچە رايونلىرىنى رەقەملەشتۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. مۇلازىمەتچىلىكنىڭ رەقەملىشىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاۋام ھۆددە ئېلىپ لايىھەلەش، ئاقىل ئەشيا ئوبوروتى، يېڭىچە پارچە سېتىش قاتارلىق يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ئاقىل يېزا ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارىتى ۋە باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى رەقەملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**8 ـ جەدۋەل نۇقتىلىق رەقەملىك ئىقتىساد كەسىپلىرى**

| | |
|---|---|
| 01 | **بۇلۇت ھېسابلاش**<br>بۇلۇت مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ئەۋلاد يېڭىلاپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئالاھىدە زور كۆلەملىك تارقالما ساقلاش، ئېلاستىك ھېسابلاش، سانلىق مەلۇماتنى مەۋھۇم ئايرىش قاتارلىق تېخنىكىلاردا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، بۇلۇت بىخەتەرلىكى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ساھە ھەل قىلىش لايىھەسى، سىستېما توپلاشتۇرۇش، قوللىنىش، ئاسراش، باشقۇرۇش قاتارلىق بۇلۇت مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى ئاربلاش بۇلۇتنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا يېتىلدۈرۈش لازىم. |
| 02 | **چوڭ سانلىق مەلۇمات**<br>چوڭ سانلىق مەلۇماتنى توپلاش، تازىلاش، ساقلاش، قېزىش، تەھلىل قىلىش، سىنلاشتۇرۇپ ھېسابلاش قاتارلىق تېخنىكىلاردا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، سانلىق مەلۇماتنى توپلاش، ئىزاھلاش، ساقلاش، يوللاش، باشقۇرۇش، قوللىنىش قاتارلىق پۈتۈن ئىشلىتىش دەۋرىلىك كەسىپ سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. |
| 03 | **نەرسە تورى**<br>سېنزور، تورنى رايونچىلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئېنىقلىقتا ئورۇن بېكىتىش قاتارلىق تېخنىكىلاردا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، بۇلۇت مۇلازىمەت بىلەن مارگىنال ھېسابلاشنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتوموبىل ئالاقە تورى، تېببىي نەرسە تورى، ئائىلە نەرسە تورى كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. |
| 04 | **سانائەت ئالاقە تورى**<br>مۇستەقىل، تىزگىنلىنىشچان بەلگە ئانالىز سىستېمىسى، ئۆلچەم سىستېمىسى، بىخەتەرلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، سانائەت يۇمشاق دېتالىنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە قوللىنىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا تەسىرگە ئىگە سانائەت ئالاقە تورى سۇپىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە شەكىللەندۈرۈپ، «سانائەت ئالاقە تورى + ئاقىل ياسىمىچىلىق» كەسىپ ئېكولوگىيەسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. |
| 05 | **بۆلەك زەنجىرى**<br>ئاقىل پۈتۈم، ئورتاق تونۇشلۇق ھېسابلاش، شىفىرلىق ھېسابلاش، تارقالما سىستېما مېخانىزمى قاتارلىق بۆلەك زەنجىرى تېخنىكىلىرىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، بۆلەك زەنجىرى مۇلازىمەت سۇپىسى ۋە پۇل مۇئامىلە پەن ـ تېخنىكىسى، تەمنات زەنجىرىنى باشقۇرۇش، مەمۇرىيەت مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ قوللىنىش لايىھەسىنى ئىنتىپاق زەنجىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. |
| 06 | **سۈنئىي ئەقىل**<br>نۇقتىلىق ساھەلەردە سۈنئىي ئەقىل سانلىق مەلۇمات توپلىمى قۇرۇپ، ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلىش تەربىيە مۇھىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاقىل تېببىي جابدۇق، ئاقىل توشۇش قورالى، ئاقىل پەرقلەندۈرۈش سىستېمىسى قاتارلىق ئاقىل مەھسۇلاتلارنى لايىھەلەش ۋە ياساشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەممىباب ۋە ساھەلىك سۈنئىي ئەقىل ئوچۇق سۇپىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. |
| 07 | **مەۋھۇم رېئاللىق ۋە كۈچەيمە رېئاللىق**<br>ئۈچ ئۆلچەملىك گرافىك ھاسىل قىلىش، ھەرىكەتچان مۇھىت مودېلى ياساش، رېئال ۋاقىتلىق ھەرىكەت تۇتۇش، تېز رەڭلەپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلاردا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، مەۋھۇم رېئاللىق پۈتۈن ئۈسكۈنىسى، سېزىم ئالاقىسى، مەزمۇن يىغىش ـ تەييارلاش قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ۋە تەتقىق قىلىپ يارىتىش يۇمشاق دېتالى، ساھە ھەل قىلىش لايىھەسىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. |

### 16 ـ باب رەقەملىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش

رەقەم تېخنىكىسى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ كىرىۋاتقان يېڭى يۈزلىنىشكە لايىقلىشىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق بەھرىمەن بولىدىغان رەقەملىك تۇرمۇش بەرپا قىلىش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف ئاقىل، قولاي ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش**

مائارىپ، داۋالاش، كۈتۈنۈش، بالا بېقىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى نىشانلاپ، رەقەملىك مۇلازىمەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق بويىچە قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى سىجىل ئاشۇرۇش كېرەك. مەكتەپ، دوختۇرخانا، ساناتورىيە قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بايلىقىنى رەقەملەشتۈرۈپ، ئېچىۋېتىش، ھەمبەھرلەش ۋە قوللىنىش سالمىقىنى زورايتىش لازىم. تور ئىچى ـ سىرتىدىكى ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تور دەرسخانىسى، ئالاقە تورى دوختۇرخانىسى، ئاقىل كۈتۈپخانا قاتارلىقلارنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى ئاساسىي قاتلام، چەت ـ ياقا رايونلار ۋە تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا تۇتاشتۇرۇشنى قوللاپ، سۈپەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت بايلىقىنىڭ تەسىرى ۋە قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئاقىل سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ «ئالاقە تورى + ئاممىۋى مۇلازىمەت»كە قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىپ، مۇلازىمەت ئەندىزىسى ۋە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشتە يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئاقىل شەھەر ۋە رەقەملىك يېزا ـ كەنت بەرپا قىلىش**

شەھەر ـ يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى يېڭىلاشقا رەقەم تېخنىكىسى ئارقىلىق تۈرتكە بولۇپ، ھەرىكەت ئۈنۈمى ۋە ماسلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم. يېڭىچە ئاقىل شەھەر قۇرۇلۇشىنى دەرىجە ـ تۈر بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، نەرسە تورى سېزىش ئەسلىھەسى، ئالاقە سىستېمىسى قاتارلىقلارنى ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھەگە كىرگۈزۈپ بىرتۇتاش پىلانلاپ قۇرۇپ، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەسى، ئىمارەت قاتارلىقلاردا نەرسە تورى قوللىنىش ۋە ئاقىللاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. شەھەرلەرنىڭ ئۇچۇر مودېلى سۇپىسى ۋە ھەرىكەت باشقۇرۇش مۇلازىمەت سۇپىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر سانلىق مەلۇمات بايلىقى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، شەھەر سانلىق مەلۇمات مېڭىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. رەقەملىك قوشكېزەك شەھەر بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. رەقەملىك يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارغا يۈزلەنگەن ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار ئومۇمىي مەنپەئەتدار ئۇچۇر مۇلازىمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، يېزا ـ كەنت باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى رەقەملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف رەقەملىك گۈزەل تۇرمۇش يېڭى مەنزىرىسى بەرپا قىلىش**

مال سېتىۋېلىش ئىستېمالى، ئائىلە تۇرمۇشى، ساياھەت ـ ئىستىراھەت، قاتناش، سەپەر قاتارلىق تۇرلۇك مۇھىتلارنى رەقەملەشتۈرۈپ، ئاقىل، ھەمبەھرلىك، ئىناق، ئورتاق ئىدارە قىلىنىدىغان يېڭىچە رەقەملىك تۇرمۇش يارىتىش كېرەك. ئاقىل مەھەللە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەھەللە رەقەملىك سۇپىسى ۋە تور سىرتى مەھەللە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىغا تايىنىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان قولاي مۇلازىمەت چەمبىرىكى بەرپا قىلىپ، تور ئىچى ـ سىرتى يۇغۇرۇلغان مەھەللەت تۇرمۇش مۇلازىمىتى، مەھەللە باشقۇرۇش ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئاقىل مەھەللە مۇلازىمىتى قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەش كېرەك. رەقەملىك تۇرمۇش تۇيغۇسىنى بېيىتىپ، رەقەملىك ئائىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئومۇمىي خەلقنى رەقەملىك ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ رەقەم ساپاسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇچۇر توسالغۇسىز ئەسلىھەسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ياشانغانلار، مېيىپلەر قاتارلىقلارنىڭ رەقەملىك تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىشىگە ياردەم بېرىش لازىم.

### 17 ـ باب رەقەملىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت ئىشلىرىدا رەقەم تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنىڭ تەرتىپىنى قايتا تۈزۈش ۋە ئەندىزىسىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇپ، تەدبىر بەلگىلەش ئىلمىيلىكى ۋە مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

**1 ـ پاراگراف ئاممىۋى سانلىق مەلۇماتنى ئېچىۋېتىش ـ ھەمبەھرلەشنى كۈچەيتىش**

دۆلەت ئاممىۋى سانلىق مەلۇمات بايلىقى سىستېمىسىنى قۇرۇپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، سانلىق مەلۇماتنىڭ تارماق، دەرىجە ـ قاتلام، رايون ھالقىپ توپلىنىپ يۇغۇرۇلۇشى ۋە چوڭقۇر قوللىنىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. سانلىق مەلۇمات بايلىقى مۇندەرىجىسى ۋە مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت سانلىق مەلۇمات ھەمبەھرلەش ـ ئالماشتۇرۇش سۇپىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ نوپۇس، قانۇنىي ئىگە، ماكان جۇغراپىيەسى قاتارلىق ئۇل ئۇچۇر بايلىقلىرىنى ھەمبەھرلەش ـ ئىشلىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. ئاساسىي ئاممىۋى ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئاممىۋى سانلىق مەلۇمات مۇلازىمىتىنى ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش ھەققىدە ئىزدىنىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئاممىۋى سانلىق مەلۇمات ئېچىۋېتىش سۇپىسى ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش ئېغىزى بەرپا قىلىپ، ئالدى بىلەن كارخانىلارنى تىزىملاش ـ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، سەھىيە، قاتناش، ھاۋارايى قاتارلىق قىممىتى يۇقىرى سانلىق مەلۇمات توپلاملىرىنى جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش لازىم. ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتىنى ھوقۇق ئېلىپ تىجارەتكە سېلىش سىنىقىنى قانات يايدۇرۇپ، 3 ـ تەرەپنىڭ ئاممىۋى سانلىق مەلۇمات قېزىش ـ ئىشلىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف ئۇچۇرلاشقان مەمۇرىيەتنى ئورتاق بەرپا قىلىش ۋە ئۈنۈمدىن ئورتاق پايدىلىنىشقا تۈرتكە بولۇش**

مەمۇرىيەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەمۇرىيەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تۈر تىزىملىكىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەمۇرىيەت ئۇچۇر سىستېمىلىرىنى بىرىكتۈرۈشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، ئاممىۋى خەۋپسىزلىك، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قاتارلىق مۇھىم ئۇچۇر سىستېمىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇرۇپ، تارماق ھالقىپ ماسلىشىپ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دۆلەت ئېلېكترونلۇق مەمۇرىيەت تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىيەت بۇلۇت سۇپىسى ۋە سانلىق مەلۇمات مەركىزى سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىيەت ئۇچۇرى سىستېمىسىنىڭ بۇلۇتقا كۆچۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەمۇرىيەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېز يېڭىلاشنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىيەت ئۇچۇرى سىستېمىسىنىڭ تېز ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئېلاستىكلىق كېڭىيىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف رەقەملىك مەمۇرىيەت مۇلازىمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش**

ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلى، كەسىپ تەرتىپى ۋە مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى رەقەملەشتۈرۈش ۋە ئاقىللاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. «ئالاقە تورى + مەمۇرىي مۇلازىمەت»نى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن تەرتىپى بىر گەۋدىلەشكەن تور مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. رەقەم تېخنىكىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە ياردەمچى قىلىش مېخانىزمىنى تېز بەرپا قىلىپ، يۇقىرى چاستوتىلىق چوڭ سانلىق مەلۇمات ئاساسىدا دەل جايىدا ھەرىكەتچان ئۆلچەش، مۆلچەرلەش، سىگنال بېرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. رەقەم تېخنىكىسىنىڭ ئاممىۋى سەھىيە، تەبىئىي ئاپەت، ھادىسە، ئاپەت، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك قاتارلىق تاسادىپىي ئاممىۋى ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا قوللىنىلىشىنى كۈچەيتىپ، سىگنال بېرىش ۋە جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

### 18 ـ باب ياخشى رەقەملىك ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش

ئېچىۋېتىش بىلەن باشقۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن قېلىپلىق باشقۇرۇشنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رەقەملىك قائىدە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئوچۇق، ساغلام، بىخەتەر رەقەملىك ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف سانلىق مەلۇمات ئامىلىنىڭ بازار قائىدىسىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش**

سانلىق مەلۇماتتىن ئېچىپ پايدىلىنىش، شەخسىي سىرنى قوغداش ۋە ئاممىۋى خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سانلىق مەلۇمات بايلىقىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى، سودا ئوبوروتى، چېگرا ھالقىپ يەتكۈزۈلۈشى ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش قاتارلىقلارغا دائىر ئۇل تۈزۈم ۋە ئۆلچەم ـ قائىدىلەرنى تېز ئورنىتىش كېرەك. سانلىق مەلۇمات مۈلۈك ھوقۇقى سودىسى ۋە ساھە تەلەپچانلىقى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، قېلىپلاشقان سانلىق مەلۇمات سودا سۇپىسى ۋە بازار سۇبيېكتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، سانلىق مەلۇمات مۈلكىنىڭ باھالاش، تىزىملاش، راسچوت قىلىش، سودىدا تېپىشىش، ماجىراغا كېسىم قىلىش قاتارلىق بازار تىجارىتى سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. دۆلەت مەنپەئەتى، سودا مەخپىيىتى ۋە شەخسنىڭ سىرىغا چېتىلىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى، شەخسىي ئۇچۇرنى قوغداش قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر ئۇللۇق قانۇن چىقىرىشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، سانلىق مەلۇمات بايلىقىنىڭ پۈتۈن ئىشلىتىش دەۋرىدىكى بىخەتەرلىكنى قوغداشنى كۈچەيتىش لازىم. چوڭ سانلىق مەلۇمات مۇھىتىغا تەتبىقلىنىدىغان سانلىق مەلۇماتنى تۈر ۋە دەرىجە بويىچە قوغداش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكىنى باھالاشنى كۈچەيتىپ، سانلىق مەلۇماتنىڭ چېگرا ھالقىپ بىخەتەر، تەرتىپلىك يۆتكىلىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم.

**2 ـ پاراگراف قېلىپلىق، تەرتىپلىك سىياسەت مۇھىتى يارىتىش**

رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن سىياسەت ۋە قانۇن ـ نىزام سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەمبەھرە ئىقتىساد، سۇپا ئىقتىسادى ۋە يېڭى يەككە ئىگىلىكنى باشقۇرۇش قائىدىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامۇۋاپىق مەمۇرىي ئىجازەت، ساپا ـ سالاھىيەت تۈرلىرىنى ئىنقىلاپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ ئىجادىي تەرەققىي قىلىشى، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى قوللاش لازىم. ئالاقە تورى سۇپا ئىقتىسادىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى قانۇن ـ قائىدە بويىچە كۈچەيتىپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ ئورنى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قائىدىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مونوپوللۇقنى بېكىتىدىغان قانۇن ـ قائىدىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مونوپوللۇق ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش كېرەك. ئادەمسىز ھەيدەش، توردا داۋالاش، پۇل مۇئامىلە پەن ـ تېخنىكىسى، ئاقىل يەتكۈزۈش قاتارلىقلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رامكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى ئورنىتىپ، ئالاقىدار قانۇن ـ نىزام ۋە ئەخلاقىي تەكشۈرۈش قائىدىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. رەقەملىك ئىقتىسادنى ئىستاتىستىكا قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف تور بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى كۈچەيتىش**

دۆلەتنىڭ تور بىخەتەرلىكىگە دائىر قانۇن ـ نىزام، تۈزۈم، ئۆلچەملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇھىم ساھەلەردىكى سانلىق مەلۇمات بايلىقى، مۇھىم تور ۋە ئۇچۇر سىستېمىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ھالقىلىق ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھەلىرىنى قوغداش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەتەردىن ساقلىنىش ۋە سىياسىي خەۋپسىزلىكنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تور بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش لازىم. تور بىخەتەرلىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساھە ھالقىغان تور بىخەتەرلىكى ئۇچۇرلىرىنى ھەمبەھرلەش ۋە خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تور بىخەتەرلىكى خەۋپىنى بايقاش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش، قوماندانلىق قىلىش، ھۇجۇم مەنبەسىنى تېپىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تور بىخەتەرلىكى ھالقىلىق تېخنىكىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى كۈچەيتىپ، سۈنئىي ئەقىل بىخەتەرلىك تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، تور بىخەتەرلىكى كەسىپلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. تور بىخەتەرلىكى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك.

**4 ـ پاراگراف تور بوشلۇقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش**

تور بوشلۇقىغا دائىر خەلقئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئاساسىي يول، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنى ئاساسىي پىرىنسىپ قىلغان ھالدا رەقەم ۋە تور بوشلۇقى خەلقئارا قائىدىسى بېكىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۆپ تەرەپلىك، دېموكراتىك، ئاشكارا بولغان دۇنياۋى ئالاقە تورىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق تور ئۇل ئەسلىھەسى ۋە تور بايلىقىنى باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش لازىم. سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى، رەقەملىك پۇل، رەقەملىك باج قاتارلىقلار ھەققىدە خەلقئارا قائىدە بېكىتىش ۋە رەقەم تېخنىكىسى ئۆلچىمىنى بېكىتىشكە پائال قاتنىشىش كېرەك. دۇنياۋى تور بىخەتەرلىك كاپالىتى ھەمكارلىق مېخانىزمى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، سانلىق مەلۇمات ئامىلىنى قوغداش، تور بىخەتەرلىكى ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، تور جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش بويىچە خەلقئارا ماسلىشىش ـ ھەمكارلىشىش مېخانىزمى بەرپا قىلىش كېرەك. ئانچە تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەرنى تېخنىكا، ئۈسكۈنە، مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردە رەقەملىك ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى رەقەملىك دەۋرنىڭ پايدىسىدىن تەڭ بەھرىلەندۈرۈش لازىم. تور مەدەنىيىتى بويىچە ئالاقىلىشىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 12 ـ بەتتە)